# خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تۈۋرۈن چېكىنى چىڭ ساقلاپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشى، سىستېمىلىق تۈزەش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خەتەرلىك خىمىيەلىك بۇيۇم، كان، قاتناش - ترانسپورت، سانائەت باغچىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى، خەتەرلىك كېرەكسىز بۇيۇم قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنى بىخەتەرلىك بويىچە تۈزەشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، توغرا يۆنىلىشتە چېتىگىچە، تىك يۆنىلىشتە تېگىگىچە يەتكۈزۈپ، قاراڭغۇ نۇقتا قالدۇرماي، ئۆلۈك بۇلۇڭ قالدۇرماي، ھادىسە يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈپتىن تۈگىتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بويىچە قانۇن ئىجراسىنى كۈچەيتىش كېرەك. قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ھادىسە كۆپ يۈز بېرىدىغان كەسىپلەرگە، ساھەلەرگە پۇختا مەركەزلەشتۈرۈپ، قانۇنغا خىلاپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇن ئىجراسى تەشۋىقاتى ۋە بىخەتەرلىك مۇلازىمىتىنى سىجىل، يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش تەرتىپىنى چىڭىتىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بويىچە قانۇن ئىجراسىنىڭ كەسپلىشىش، ئۆلچەملىشىش، قېلىپلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل، مۇقىم ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاساسىي كاپالەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى سىستېمىسى، يوشۇرۇن خەۋپنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تۈزەش ۋە خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى تېزدىن ئورنىتىپ تاكامۇللاشتۇرۇپ، جىددىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى سىجىل مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش، جىددىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش جابدۇقلىرى، ماددىي ئەشيالىرى زاپىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ دەسلەپكى لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي كاپالەت، كەسپىي نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، جىددىي بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىش، چىڭىتىش كېرەك. «پارتىيە، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولۇش»، «بىر ئىش ئورنىدا قوش مەسئۇلىيەت بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى، تارماقلارنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى، كارخانىلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى سىجىل كۈچەيتىپ، چىڭىتىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىسىنى قەتئىي تۈزەپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە سەييارە تەكشۈرۈپ باھالاش، كۈندىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش، جاۋابكارلىققا تارتىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتىنىڭ جايىدا بولۇشى، سېلىنمىنىڭ جايىدا بولۇشى، باشقۇرۇشنىڭ جايىدا بولۇشى، نازارەت قىلىشنىڭ جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 2020 - يىللىق خىزمەت مۇھىم نۇقتىلىرى» قاراپ چىقىلدى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئۆزىنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مەڭگۈلۈك تېما ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىجادچانلىقى، ئۇيۇشۇشچانلىقى، جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، لى پېڭشىن، لى ۋېي، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ تىجارەت قىلىشىغا ماس كېلىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى دەسلەپكى پىششىقلاشنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇتۇش، دەرىجە بويىچە ئايرىش، دەسلەپكى ئوراپ قاچىلاش، يېڭى پېتى ساقلاش قاتارلىق ھالقىلاردىكى سەۋىيە ۋە ئىقتىدار ئۆستۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاخىرقى بازار ۋە كېيىنكى پىششىقلاش ھالقىسىغا ئوڭۇشلۇق كىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاشلىقنى ئۇنغا ئايلاندۇرۇش، گۆشنى قىيمىغا ئايلاندۇرۇش قاتارلىق دەسلەپكى پىششىقلانغان مەھسۇلاتلار تۈر قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىلىپ، كىچىك تۈرلەر، كۆپ خىللاشقان خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، خاس ئىقتىدارلىق يېمەكلىك، خاس قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق يەرلىك خاس كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ بازارغا سالغان كارخانا بولۇش، ناھىيە، شەھەرلەردە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش باغچە رايونى بولۇش، يېزا - بازارلاردا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش مەركەزلەشكەن رايون بولۇش، كەنتلەردە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ھەمراھ زاۋۇتى بولۇش، كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىلىرىدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ئۆيى بولۇش، چوڭ ئائىلىلەردە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى بولۇشنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىكەن. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش فۇنكسىيەلىك رايونى، مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مۇھاپىزەت رايونى، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئەۋزەل رايونىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بىر تۈركۈم رايون خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش باغچىسى قۇرۇشنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، رايون، ۋىلايەت، ناھىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش باغچە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، يېزا - كەنت كەسىپلىرىدە «يېڭى ئېگىزلىك» بەرپا قىلىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يەنە ناھىيە دائىرىسىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاشنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىلىپ، بىر تۈركۈم ئاساسى ياخشى، تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولى زور، بازار رىقابەت كۈچى كۈچلۈك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىلىپ، ئەۋزەل، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاشنى كۆلەملەشتۈرۈپ، ئۆلچەملەشتۈرۈپ، كەسپلەشتۈرۈپ، سۈپەتلىك قىلىپ ماركىلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇنىدۇ. بىر تۈركۈم يۇقىرى ئىقتىدارلىق يېمەكلىك ۋە ئىنچىكە پىششىقلانغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇنۇپ، ئىقتىدارلىق يېمەكلىك پىششىقلاش كەسپى كۈچەيتىلىدۇ.

---

# ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش ساغلاملىقنى دائىم ھەمراھ قىلىش

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مەن بار
ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ماڭا ھەمراھ

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىقىدىن ھەممە ئادەم نەپكە ئېرىشىدۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. مەملىكەت بويىچە 32 - قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئامما بەس - بەستە ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىپ، قولنى يۇيۇپ تۇرۇش، ماسكا تاقاش، پات - پات ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۈكۈرمەسلىك، قالايمىقان ئەخلەت تۆكمەسلىك، ئايرىم غىزالىنىش، ئاممىۋى چوكىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى ياخشى ئادەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى كۈندىلىك ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشكە ئۆز كۈچىنى تۆھپە قىلىپ، ساغلاملىقنى دائىم ھەمراھ قىلدى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، پىچان ناھىيەسى پىچان بازىرى قورغان كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى ئەنۋەر ئابدۇل ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، ئاۋۋال ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئۆيىنىڭ ھويلىسىنى پاكىز تازىلاپ، ئاندىن ئەخلەتنى كوچا ئېغىزىدىكى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىدى. «مۇھىت تازىلىقى ياخشىلانسا، بىزمۇ راھەت ياشايمىز» دېدى ئەنۋەر كۈلۈپ تۇرۇپ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، پىچان بازىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ تەشۋىق قىلىشى، يېتەكلىشىدە، ھويلا - ئارانلارنى رەتلەش، قالايمىقان ئەخلەت تۆكمەسلىك، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۈكۈرمەسلىك قاتارلىقلار تەدرىجىي ھالدا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى. تۇرپان شەھىرىنىڭ ھەرقايسى يېزا - كەنتلىرىدە، كۆچەت تىكىدىغان، گۈل ئۆستۈرىدىغان، ھويلا - ئارانلارنى گۈزەللەشتۈرىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ئاسمىنى تېخىمۇ كۆك، سۈيى تېخىمۇ سۈزۈك، يېرى تېخىمۇ يېشىل، ئائىلىسى تېخىمۇ گۈزەل قىلىش كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق نىشانى بولۇپ قالدى.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كەچتە، باقمىچىلىق رايونىدا بىر كۈن ئالدىراش بولغاندىن كېيىن، ماناس ناھىيەسى تاشىرقاي قازاق يېزىسى داساۋتەن كەنتىدىكى چارۋىچى دوسدالى تۇرسۇن ئۈستېبېشىدىكى چاڭ - توزانلارنى پاكىز قېقىۋېتىپ، ئاندىن يۇيۇنۇپ، كىيىم ئالماشتۇرۇپ غىزالاندى.

«ئىلگىرى ئۇنداق دىققەت قىلىپ كەتمەيتتىم، ھەمىشە ‹پاكىزلىققا بەك دىققەت قىلىپ كەتمىسەكمۇ، كېسەل بولمايمىز› دەپ ئويلايتتىم. ھازىر ئوخشىمايدۇ.» دوسدالى مۇنداق دېدى: ھازىر بىر ئائىلە كىشىلىرى يېڭىدىن سېلىنغان ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىردۇق، تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان بولدۇق، توكلۇق سۇ ئىسسىتقۇچ ۋە سۇ بىلەن تازىلىنىدىغان تەرەت تۇڭى ئىشلىتىدىغان بولدۇق، تۇرمۇش سۈپىتىمىز زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، شەخسىي تازىلىق ئېڭىمىزمۇ بارغانسېرى كۈچەيدى. كەنت كادىرلىرىمۇ دائىم كەنتتە كەنت ئاھالىلىرىگە ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى تەشۋىق قىلىدۇ، يېتەكلەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، «قولنى يۇيۇپ تۇرۇش، پات - پات ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ماسكا تاقاش» بالىلار ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان قوشاققا ئايلاندى.

ماناس ناھىيەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى ئورۇنلارمۇ تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئاممىغا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇۋاپىق غىزالىنىش، ئىلمىي چېنىقىش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ ئاممىۋى سەھىيە ئېڭىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سائەت 13تە، ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق شىمالىي يولىغا جايلاشقان غەربىي يۇرت پىششىقدەم خۇيزۇلار يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى غىزالىنىش يۇقىرى پەللىسىنى كۈتۈۋالدى. يېمەك - ئىچمەك باش نازارەتچىسى ما يۈك ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇقنى جاي - جايىغا قويۇپ قويدى ھەم خېرىدارلارغا: «سىز ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق ئىشلىتىڭ» دەپ ئىللىق ئەسكەرتىپ قويدى.

چوڭ زالنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە «ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق» ئىشلىتىپ غىزالىنىش بەلگىسى چاپلاپ، ئېلېكترونلۇق ئېكران، تاماق ئۈستىلى ئەسكەرتىش تاختىسى، ئېلېكترونلۇق تاماق بۇيرۇتۇش سىستېمىسى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنى ئەسكەرتكەن، يېتەكلىگەندىن سىرت، بۇ يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى يەنە مۇلازىمەتچىلەرنى كۆپ قېتىم تەربىيەلەپ، ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق تىزىش، ئىشلىتىش ھەمدە ئايرىم غىزالىنىش ئەندىزىسى، مۇلازىمەت تەرتىپى، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت قاتارلىقلارغا قارىتا تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقاردى.

«جان يىلتىزى ئاش، ئاش يىلتىزىدا بىخەتەرلىك باش. گەرچە ‹ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق› ئىشلىتىش سەل ئاۋارىچىلىك بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ساندىكى ئىستېمالچىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلالايدۇ، بىزمۇ داۋاملىق بۇ خىل ساغلاملىق يېڭى كەيپىياتىنى تەشەببۇس قىلىمىز» دېدى ما يۈك.

«خېرىدارلار ئىشىكتىن كىرگەندە چوقۇم ماسكا تاقىشى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىتىشى، تازىلىق ئۆيىدە قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ھەم دېزىنفېكسىيە قىلىش بۇيۇملىرى ھازىرلىنىشى كېرەك...» 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەتىگەندە، ئونسۇ ناھىيەسىدىكى جىنچاۋ تاللا بازىرى تىجارەت باشلاشتىن بۇرۇن، تاللا بازار مەسئۇلى خۇ داجېڭ خىزمەتچىلەرگە ئەستايىدىل تاپىلىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش تەلەپنى ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك يىغىندا، ئىسمېنا ئالماشتۇرغاندا، خۇلاسە يىغىنىدا قايتا - قايتا تەكىتلەيدۇ، تاللا بازىرىدىكى ھەربىر خىزمەتچى ھەم ياخشى تازىلىق ئادىتىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكۈچىلەر ھەم تەشۋىقاتچىلار، نازارەتچىلەردۇر.

«ئونسۇ ناھىيەسىدە ئاممىۋى سورۇنلار كۆپ، ئادەم ئېقىمى چوڭ، سەھىيە يۇقۇم مۇداپىئەسى بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، بىز كەڭ ئاممىغا قالاق ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشەببۇسىنى چىقاردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنى ياخشى تازىلىق ئادىتى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلىدۇق» دېدى ئونسۇ ناھىيەلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر مولائاۋۇت ۋايىت.

**(مۇخبىر جاۋ چۈنخۇا، قاتناشقان مۇخبىرلار يۈ شى، جاڭ جىلى، گې يۈۋجۈن، جاڭ رۇيلىن، ئىختىيارىي مۇخبىر جاڭ يىفاڭ يازغان)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مول پاختا بايلىقى ۋە ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىككە تايىنىپ، كەسىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش شەرق شاملىنىڭ ياردىمىدە، دۆلەت ئىچىدىكى بىر قىسىم داڭلىق توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كارخانىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىپ، كەسىپنى گۈللەندۈردى، توقۇمىچىلىق كەسپى خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. دۆلەت ئىچىدىكى بۇ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىدىكى چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى غەربكە يۆتكىشى، ئاددىيلا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى كۆچۈرۈش بولۇپ قالماستىن، بەلكى بوشلۇق يۆتكىلىشى بولۇش بىلەن بىللە، ماس قەدەمدە ئەنئەنىۋى ياسىمىچىلىقتىن ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىققىچە بولغان يېڭىلاش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تاماملاش ھېسابلىنىدۇ.

«شىركىتىمىزنىڭ ئىشلىتىۋاتقىنى دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار يىپ ئېگىرىش ئۈسكۈنىسى، كېيىن قەشقەر، يېڭىساردا يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان زاۋۇت رايونىغا ئورنىتىلىدىغىنىمۇ خەلقئارادىكى ئىلغار ئۈسكۈنىلەر» دېدى يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى بۇ توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى دى شيۇخۇا.

جەنۇبىي شىنجاڭغا ماكانلاشقان توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىللە، زور بىر تۈركۈم پىشىپ يېتىلگەن كەسىپ ئىشچىلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىپ، نۇرغۇن دېھقاننى «ئېتىزدىن سېخقا كىرىش، ئوچاق بېشىدىن ماشىنا ئالدىغا بېرىش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

## ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش

«مەن ماشىنىدا مەشغۇلات قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم، بىر ئايدا 3000 يۈەندىن 4000 يۈەنگىچە پۇل تاپالايمەن» دېدى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خوتەندىكى بىر توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى بارات مەمتىمىن.

خوتەن شەھىرىنىڭ شورباغ يېزىسى قۇمباغ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بارات، كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى، 2019 - يىلى خوتەندىكى بۇ توقۇمىچىلىق شىركىتىگە ئىشقا چۈشۈپ، بۈگۈنكى كۈندە پىشقان توقۇمىچىلىق ئىشچىسىغا ئايلاندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىدى. سىياسەتلەرنىڭ گەرەلەشمە ئۈنۈمى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە كۈچ قوشۇپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

«نۆۋەتتە شىركىتىمىزدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 1000 كىشىگە يېقىن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، 95%تىن كۆپرەكى خوتەندىكى يەرلىك خىزمەتچىلەر، كېيىنكى قەدەمدە كارخانىمىز يەنە كۆلىمىنى كېڭەيتىدۇ، 2025 - يىلغا بارغاندا بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىمىز 350 مىڭ ئۇرچۇققا، كارخانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد يۈەنگە، قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلار 3000 كىشىگە يەتكۈزۈلىدۇ.» خوتەندىكى بۇ توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى يەن جيەنلىن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، نۆۋەتتە كارخانىمىزدا 80%تىن كۆپرەك كونا خىزمەتچى ئىش ئورنىغا قايتىپ ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن سىرت، يەنە نەچچە ئون ئىشچى قوبۇل قىلىندى.

ئاقسۇ توقۇمىچىلىق سانائىتى شەھەرچىسى (تەرەققىيات رايونى)دىكى بىر ئىلمە توقۇلما پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، ھەربىر توقۇمىچىلىق ئۈسكۈنىسى توختىماي ئايلىنىۋاتقان بولۇپ، خىزمەتچىلەر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە ئالدىراش ئىدى. «بىز ئالدىنقى مەزگىلدىكى يۇقۇم دەخلى يەتكۈزگەن ۋاقىتنى تولۇقلىماقچى» دېدى بۇ شىركەتنىڭ خىزمەتچىسى نۇربىيە ئەختەم.

2017 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بۇ ئىلمە توقۇلما پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە 1100 كىشىنى جەلپ قىلغان.

## نامراتلارنى يۆلەش ئېففېكتى گەۋدىلىك بولۇش

«ئۆتكەن ئايدا مەن 3500 يۈەن مائاش ئالدىم. ھازىر، مەن ئۆيىمىزنىڭ پەخرى» دېدى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاقسۇدىكى بىر رەڭلىك توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى مەريەم ئەمەر كۈلۈپ تۇرۇپ. 24 ياشلىق مەريەم قىزىل رەڭلىك خىزمەت كىيىمى كىيىپ، تەكشۈرۈش سۇپىسى ئالدىدا تۇرۇپ ئۈسكۈنىلەرنى بىمالال باشقۇرۇۋاتاتتى.

ئۈچ يىل ئىلگىرى، مەريەم ئۇچتۇرپان ناھىيەسى ئاقيار بازىرىنىڭ تۆۋەنكى خاڭدى كەنتىدىكى بىر دېھقان ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئاقسۇدىكى بۇ رەڭلىك توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئىشچىسى سۈپىتىدە، ئۇ مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىشتىن چىققان يىپلارنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى تۇتىدۇ.

توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بىر تۈركۈم توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كارخانىلىرىنى ماكانلىشىپ سودا پۇرسىتى ئىزدەشكە جەلپ قىلىپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا زور دەرىجىدە تۈرتكە بولدى، 2019 - يىلىلا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپى بويىچە 95 مىڭ كىشى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى.

«ئىلگىرى تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلاتتىم، مۇقىم كىرىمىم يوق ئىدى، ھازىر مەن ھەر ئايدا 3000 يۈەن مۇقىم مائاش ئالالايمەن، ياتاق - تاماقنىڭ ھەممىسى زاۋۇتتا، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەندىن خۇشال بولدى» دېدى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، خوتەن شەھىرىگە جايلاشقان بىر توقۇمىچىلىق پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى تۇرسۇن توختى ئۆز خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىغان ھالدا.

بۇ شىركەتتە تۇرسۇنغا ئوخشاش مۇشۇنداق خىزمەتچىدىن 600 كىشى بار، ئۇلار زاۋۇتقا كىرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ۋاستىلىك تۈرتكە بولغانلار 5000 كىشىدىن كۆپرەككە يەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ كۆزەتكۈچىسى باۋ گۇاڭتۇ ئېيتقاندەك، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا بىرقەدەر زور تۈرتكە بولغىنى، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۈچجۈملەشكەن كەسپلەر ئىكەن.